# توختىماستىن ئىزدىنىش، توختى

★ ئۆردى مەتنىياز ★

ئۆتكەن يىلى مارتتا، مۇخبىرلىق قىلىش ئۈچۈن 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدا خىزمەت قىلىدىغان توختى ئىسىملىك بىرەيلەن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. يىغىن پائالىيەتلىرىدە بىر قانچە كۈن بىرگە بولۇش داۋامىدا ئۇنىڭ قانۇنچىلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ھەمدە چەت ئەللەردە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ياش ئالىم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ ياتىقىغا كىردىم.



توختى مۇزات دەرياسى بويىغا جايلاشقان باي ناھىيىسىدە بىر خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى مۇزات دەرياسى بويىدىكى ئېرىز دىياردا ئۆتكۈزۈپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەنە شۇ جايدىكى بىلىم يۇرتلىرىدا تاماملىغان. توختىنىڭ سەبىي قەلبىدە ئىلىم - مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەلگۈسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىش ئىستىكى قوزغالغان. شۇڭا ئۇ ئانا تىلىدىكى دەرسلەرنى قىزىقىپ ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، خەنزۇچە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر - ئىككى يىلدىلا خېلى پىشىشقان «بالا تەرجىمان» بولۇپ قالغان. 1978- يىلى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى (ھازىرقى مىللەتلەر داشۆسى)نىڭ تارىخ كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئەسلىدە ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان توختى ئۆگىنىشتە دەسلەپتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى قەيسەر ئىرادە ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە مەدەت بەرگەن. «دۇنيادا يول يوق ئىدى، ئۇنى ئىنسانلار بىر قەدەم- بىر قەدەمدىن مېڭىپ ئاچقان». توختى بۇ سۆزنى ئېسىدە ساقلاپ، خەنزۇچە ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئاستىدا يەنە ئىنگلىز تىل- يېزىقىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، يول ماڭغانسېرى ئېچىلغان. 1982 - يىلى ئۇ ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئامېرىكىنىڭ خارۋارد داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، شۇ يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ دۆلەتنىڭ بۇ ئالىي ئورگىنىدا ئىشلەيدىغان بىردىنبىر ئۇيغۇر ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۆز بىلىمىنى تېخى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن يەنىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە



رەھبەرلىكتىن ئۆزىگە قانۇنشۇناسلىق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ، خەلق داشۆسىنىڭ قانۇنچىلىق فاكۇلتېتىدا قانۇنچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىپ



ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئورگىنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ قانۇن تەتقىقات ئىشخانىسىدا كاندىدات تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1990 - يىلى 8 - ئايدا توختى ئالاقىدار

تــەرمپلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياپونىيە توكيو داشۆسىنىڭ تــەتقىــقاتچى ئوقۇغۇچىلىقىغا قوبۇل قىلىندۇ. ئۇ ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن ياپون تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش يولىدا جاپالىق تــرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ياپونىيىدە چىقىرىلىدىغان «21 ـ ئەسىر»ژۇرنىلىدا ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن «ئۇيغۇرلارنىڭ هاراق- شاراب مەدەنىيىتى» ، «قازاقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىسىدا» قاتارلىق تۆت پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، يــاپونىيىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ياپونىيىنىڭ دۆلەتلىك تەتقىقات مەركىزى ئۇنى ئۇيغۇر تەتقىقات جــەمئىــيــتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۆگىنىش ۋە ئىشلەش توختىنى ئورغۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە ئــگە قىلىدۇ. ئۇ كۆڭلىگە تېخىمۇ زور، ئۇلۇغۋار پىلانلارنى پۈكىدۇ. 1992 ـ يىلى 5ـ ئايدا ب د ت نىڭ پەن ـ مائارىپ تەشكىلاتى بىلەن ياپونىيىنىڭ «تويوتا»شىركىتى بىرلىشىپ ياش تــەتقىــقاتچىــلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارغا مەدەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇ پائالىيەتكە دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى ياش تەتقىقاتچى ئالىملاردىن 1000غا يېقىن كىشى قــاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى سۇنىدۇ. توختى بــۇ ئــلىم ساھەسىدىكى بەيگىگە ئاجايىپ شىجائىتى بىلەن ئاتلىنىدۇ. ئۇ ياپون يېزىقىدا تەييارلىغان «تەرەققىيات ئىچىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالە ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى قاتناشقان چوڭ يىغىندا ئوقۇلۇپ، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ ھەمدە تاللاشقا سازاۋەر بولغان 27 نەپەر ياش تەتقىقاتچىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ـ ســزنــى تــەبرىــكلــەيمىز، ـ دېيدۇ ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى،ـ سىز دۇنيانىڭ خالىغان يېرىگە بېرىپ ئۆگىنىش، ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئىقتىسادىي ياردەمگە مۇيەســەر بولغان ئىككى ياش ئالىمنىڭ بىرى بولدىڭىز. ســزگــە تېــخىمۇ زور ئۇتۇق يار بولغاي، تىرىشىڭ، سىزگە قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمىز.

1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىزدىنىش روھىغا باي بۇ ياش تــەتقىــقاتچى دۇنيانى چۆشىنىش، شىنجاڭنى دۇنياغا تېخىمۇ تونۇتۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەت بىلەن ئامېرىكا، كانادا، يــاۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى 30 نەچچە دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ، خەلقئارا تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى، يــاپــونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ تۈركشۇناسلىققا ئائىت سىياسەتلىرى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تــەتقىــقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ياپونىيە، ئامېرىكىنىڭ بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر سىياسىتى، قانۇنلىرى ئــۈستــدە ئــۇنــىۋېــرسال سېلىشتۇرما تەتقىقات»ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىقىدۇ.

نەتىجە ھامان ئىزلەنگۈچىگە مەنسۇپ. توختى تەتقىقات ئــشلىرىغا كىرىشكەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان مەيلى جــۇڭگــودا، مــەيلــى چەت ئەللەردە بولسۇن توختىماي ئــزدىنىپ، «ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىق قانۇنىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى ئىزلىنىش» ، «جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە سىياسەت بەتقىقاتى» ، «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئــاز ســانلــق مــىللــەتلــەرنــىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كــاپــالــەتلــەندۈرۈش قــانــۇنىنى تۈزۈش توغرىسىدا» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىنىش تارىخى» ، «ئۆزگىرىش داۋامىدىكى جۇڭگو ئۇيغۇر مــەدەنىيىتى» ، «جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرى، ئــايــاللارنــىڭ ئــىسم- فــامــلــىســى تــوغرىسىدىكى تــەتقىقات»قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي، تارىخىي قىممەتكە ئــگــە تــەتقىقات ماقالىلىرىنى يازىدۇ ۋە جۇڭگو ھەمدە ياپونىيىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بــر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى ياپونىيىدە كىتابچە قىلىپ نــەشــر قــلــنــىــپ، ياپونىيە بۈيۈك شەرق مەدەنىيەت داشۆسىنىڭ ئاساس دەرسلىكى قىلىنىدۇ. 1993ـ يىلى 8 ـ ئايدا ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توختى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق تەتقىقات خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ـ ئالاھىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپسىز، تىرىشقاق ئۇزار، تاشقا مىخ قاقار، دېگەن گەپ راست ئىكەن، ـ دېدىم ئۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللار، ماقالە ۋە سۈرەتلەرنى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئېلان قىلىنغان خەنزۇچە ۋە يــاپــونچــە يــېــزىــقتــكى كىتاب- ژۇرنــاللارنــى كــۆرۈپ پــەخــرلــىك ھېسسىياتىم بىلەن، ـ سىز تېخى ياش، مــەنزىــل ئۇزۇن، پارلاق ئىستىقبال ئــالدىــڭىزدا، توختىماستىن تىرىشىڭ، سىزگە ئۇتۇق يار بولسۇن.


تەھرىرى: 04
(ئەربىيە روزى)